# ئۇچقۇن

2000 - يىلى 1 - ئاي

34 - سان

گېرمانىيىدە نەشر قىلىندى

EasternTurkistan
Information Center

پىكىردە، سۆزدە، ئىشتە بىرلىك

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىنماقتا


# خوتەندە يەنە 12 مۇجاھىد ھەققىدە تۇتۇش بۇيرۇقى تارقىتىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان خوتەن رايونىدا كوچا تاملىرىغا ھەر ھەپتە دېگۈدەك يېڭى - يېڭى تۇتۇش بۇيرۇقلىرى چاپلىنىدىغان ئەھۋاللار ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. 99 - يىلى 7 - ئايدىن بۇيان خوتەن رايونىدا سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىشىشىغا ئەگىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر ھەپتە دېگۈدەك 10 لاپ كىشى ھەققىدە تۇتۇش بۇيرۇقى تارقىتىشنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ۋە بۇ جەرياندا كۆپلىگەن ئۇيغۇر ياشلار ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلانغان ئىدى. يېقىندا خوتەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى يەنە 12 ئۇيغۇر ياش ھەققىدە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپ تارقاتقان.

مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھىرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » يېقىندا خوتەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن يېقىندىن تارقىتىلغان بۇ تۇتۇش بۇيرۇقىنىڭ بىر نۇسخىسىنى قولغا چۈشۈردى. مەزكۇر تۇتۇش بۇيرۇقىغا، تۇرسۇنتوختى ئابدۇرېھىم، خوجابدۇللا خوجا ئەخمەت، مۇختەر ئىبىبۇللا، ئېلى غوجاخمەت، تۇرسۇن باقى ئابدۇغېنى، ئېلى ئابلا، روزى مەمەت ئەخمەتنىياز، ئۆمەر بەكرى، مەتنىمىن جامال، مەتنىمىن بەكرى، مەتتۇرسۇن ئىمىنىياز، ئابدۇللا بەكرى قاتارلىق 12 نەپەر ئۇيغۇر ياشنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ ياشلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، يېشى، تەقى - تۇرقى، بويى، ئادرېسى قاتارلىقلار يەر ئالغان ھەمدە ئۇلار خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن، « دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن ۋە زوراۋان تېرورىستىك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان » دەپ ئەيىبلەنگەن.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋەتەندىن بىۋاستە ئالغان مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، خوتەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ يېڭى تۇتۇش بۇيرۇقىدا يەر ئالغان مەتنىمىن بەكرى، مەتنىمىن جامال قاتارلىق 2 نەپەر ياش خوتەندە مەلۇم بىر ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ ياتقاندا باشقىلارنىڭ چېقىپ قويۇشى بىلەن ئاشكارىلىنىپ قالغان، خىتاي ساقچىلىرى ئۇلار تۇرغان ئۆينى قاتمۇ - قات قورشىۋالغان ۋە ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، ئۆينى قالايمىقان ئوق يامغۇرىغا تۇتقان، نەتىجىدە مەتنىمىن بەكرى بىلەن مەتنىمىن جامالنىڭ بەدىنىگە 17 پاي ئوق تېگىپ، نەق مەيداندا قەھرىمانلارچە شېھىت بولغان. گەرچە خىتاي ساقچىلىرى قالغان 10 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن خوتەن رايونىنى بويىچە ئۆيمۇ - ئۆي ئاختۇرۇش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگە قەدەر ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئىز - دېرىكىنى قىلالمىغان.

خوتەن رايونىدىن كەلگەن خەۋەرلەرگە، خوتەندىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، « مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئۆيىدە ساقلىغانلارنى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ھېسداشلىق قىلغانلارنى ئۆيىدىن مەجبۇرى كۆچۈرۈپ، ئۆيىنى ئۆرۈلۈۋېتىش، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ۋە مەجبۇرى بويىچە ئاختۇرۇشقا سېلىش » ھەققىدە ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتقان ۋە بۇ سىياسەتنى 99 - يىلى 8 - ئايدىن ئېتىبارەن ئىجرا قىلىشقا باشلىغان.



和田市公安局通缉令

بىرىنچى رەت ( سولدىن ئوڭغا ): ( 1 ) ئېلى ئابلا، 24 ياش، خوتەن شەھىرى شورباغ يېزىسىدىن؛ ( 2 ) تۇرسۇنباقى ئابدۇغېنى، 28 ياش، خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرىدىن؛ ( 3 ) ئېلى غوجاخمەت، 23 ياش، خوتەن شەھىرى شورباغ يېزىسىدىن؛ ( 4 ) مۇختار ئىبىبۇللا، 21 ياش، خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرىدىن؛

ئىككىنچى رەت ( سولدىن ئوڭغا ): ( 1 ) غوجىئابدۇللا غوجىئەخمەت، 26 ياش، خوتەن شەھىرى شورباغ يېزىسىدىن؛ ( 2 ) تۇرسۇنتوختى ئابدۇرېھىم، 26 ياش، خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرىدىن؛ ( 3 ) ئابدۇللا بەكرى، 26 ياش، خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرىدىن؛ ( 4 ) مەتتۇرسۇن ئىمىنىياز، 33 ياش، خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرىدىن؛

ئۈچۈنچى رەت ( سولدىن ئوڭغا ): ( 1 ) مەتنىمىن جامال، 21 ياش، خوتەن شەھىرى ئىلىۋاغ يېزىسىدىن، ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقىدا، « پارتىلىتىش ئەسلىھەلىرى ياساش، زوراۋانلىق، تېرورىستىك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان » دەپ ئەيىبلەنگەن بولۇپ، يېقىندا خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىپ، دۈشمەنگە قارشى باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ شېھىت بولدى. ( 2 ) مەتنىمىن بەكرى، 24 ياش، خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرىدىن، ئۇمۇ مەتنىمىن جامال بىلەن بىرگە خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىپ، دۈشمەنگە قارشى باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ شېھىت بولدى. ( 3 ) ئۆمەر بەكرى، 22 ياش، خوتەن شەھىرى گۈجانباغ يېزىسىدىن؛ ( 4 ) روزى مەمەت ئەخمەتنىياز، 24 ياش، خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرىدىن؛

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# مىللىي تەشۋىقاتىمىز خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئالاقزادە قىلىشقا باشلىدى

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن خىتايچە « خوتەن گېزىتى » نىڭ يېقىنقى سانلىرىدا، « مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، تەۋرەنمىگەن ھالدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايلى » دېگەن ماۋزۇدا بىرپارچە چوڭ ھەجىملىك سىياسىي مۇلاھىزە ئېلان قىلىندى. مەزكۇر ماقالىنىڭ 3 - پاراگرافىدا، نۆۋەتتە چەتئەللەردە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇيغۇرچە تەشۋىقات ۋاستىلىرى ھەققىدە ئالاھىدە توختالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا، يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان چەتئەللەردىكى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈچلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان تەشۋىقاتىنىڭ دائىرىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقانلىقى ۋە بۇخىل تەشۋىقاتلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەردەرىجىلىك كادىرلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئېغىر قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىۋاتقانلىقى ئالاھىدە بايان قىلىندى.

مەزكۇر ماقالىنىڭ بىر ئابزاسىدا ، « يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىددەت بىلەن كۈچىيىپ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى سىستېمىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇ سەۋەپتىن، « پان تۈركىزىم » ۋە « پان ئىسلامىزىم » دىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل قاراش مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئىدىيىۋى مەنبىيىگە ئايلىنىپ، پەيدىن - پەي ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەزرىيە، تارىخ، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلىرىگە يامراپ كىرىشكە باشلىدى » دېيىلگەن. يەنى خىتاي ھۆكۈمىتى، شەرقىي تۈركىستاندا كوممۇنىستىك ئاڭ ۋە ئىدېئولوگىيەنىڭ تەۋرىنىشكە باشلىغانلىقىنى، كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتكە قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ مەلۇم دائىرە ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ھەرقايسى ساھەلەرگە قاراپ كېڭىيىشكە باشلىغانلىقىنى ۋە ئومومىي خەلق ھەرىكىتىگە ئايلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

مەزكۇر ماقالىدا يەنە ، « ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋاستىلىرى كۆپخىللاشتى، چەتئەلدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئىلگىرىكىدەك شوئار توۋلاش، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى چاپلاپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى رادىيو، تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت تورى قاتارلىق زامانىۋى ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ كەڭ كۆلەمدە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى ئاشكارە ھالدا تەرغىپ قىلىپ، « كوسوۋانىڭ بۈگۈنى، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى » دەپ جارسالماقتا، بۇنىلارقىلىق ئۇلار شىنجاڭ مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشنى، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتنى كەڭ كۆلەمگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلماقتا. نۆۋەتتە ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر كىرگۈزگەن ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىرى كەڭ دائىرىدە تارقىلىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە » دېيىلگەن.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ بايانلىرىدىن شۇنى ئېنىق ھېس قىلالايمىزكى، 50 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا كوممۇنىستىك ئاڭ ۋە ئىدېئولوگىيەدىن باشقا ھەرقانداق ئىدىيە ۋە پىكىر - ئېقىمنى چەكلەپ كەلگەن مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتى، چەتئەلدە كوممۇنىست ھاكىمىيەتكە قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ زور تەھدىت ۋە ئاساسلىق رەقىپ دەپ قارىغان، بولۇپمۇ چەتئەلدىكى خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈچلەرنىڭ رادىيو، ئىنتېرنېت تورى قاتارلىق زامانىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقىدىن ئىنتايىن قايغۇرۇش ۋە بىئاراملىق ھېس قىلغان.

« خوتەن گېزىتى » دىكى يۇقارقى سىياسىي مۇلاھىزىدە، ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي تەشۋىقاتلارنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىگە ئېلىپ كەلگەن زىيانلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان: « بۇخىل ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتلار جەمئىيىتىمىزدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بولۇپمۇ ئايرىم ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىدى. بۇنىڭ ئىپادىلىرى شۇكى، بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسى كۈچىيىپ، دىنغا بولغان ھېسداشلىقى ئاشتى ۋە ئۇلار ئارىسىدا دىنىي ئەسەبىلىك پەيدا بولدى؛

ئىككىنچىدىن، تارىخى ئۇقتىنەزىرى مۇجمەللەشتى، ئۇلار شىنجاڭنىڭ تارىخىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ دىن تارىخىنى توغرا تونۇپ يەتمەي، ئۆزلىرىدە ئىختىيارسىز ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تۇرغۇزىۋالدى؛

ئۈچۈنچىدىن، ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىمىزنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ئاجىزلاپ كەتتى، بۇ سەۋەپتىن بەزىلىرىدىن يامان كىشىلەر پايدىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، بەزىلىرى مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە قېچىپ ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزىلىرى يامان كىشىلەردىن قورقىدۇ، ھەتتا ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. ئايرىم كادىرلىرىمىز سىياسىي جەھەتتىن ئابۇت بولۇپ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بىلەن شېرىكلىشىۋاتىدۇ. مەسىلەن، خوتەن شەھرى ئىلچى يېزىسى يارباغ كەنتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەمتىمىن موسا، كۈرەش گۇرۇھىنىڭ 2 - نومۇرلۇق كاتتىبېشى مەمتىمىن توختىنى ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويغان، مەمتىمىن موسانىڭ ئايالىمۇ كەنت ئاياللار مۇدىرى ئىدى. يەنە مەسىلەن، 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بىز ئېتىپ ئۆلتۈرگەن زور جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنىڭ 1 - نومۇرلۇق كاتتىبېشى كۈرەشنىمۇ بىزنىڭ بىر كادىرىمىز ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ كادىرلىرىمىزنىڭ بىر مەھەل بىخۇتلۇقى تۈپەيلىدىن بولۇۋاتقان ئىشلار ئەمەس، بەلكى ئۇلار غەزەرلىك ھالدا جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ ».

ماقالىدا يەنە، « مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئىدىيىۋى بازىمىزغا قاراتقان ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىغا قارىتا سوتسىيالىستىك تەلىم تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قايمۇقتۇرىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىشىمىز لازىم » دېيىلگەن.

ھورمەتلىك ۋەتەنداشلار، خۇددى سىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان 50 يىلدىن بۇيان، ھېچقانداق بەدەلگە قارىماي، غايەت زور تەشۋىقات قوشۇنى ۋە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، يەرلىك خەلققە قارىتا توختاۋسىز، تىنىمسىز ھالدا ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭىسىگە كوممۇنىستىك ئاڭ ۋە ئىدېئولوگىيەنى زورمۇ - زور سىڭدۈرۈشكە تىرىشىپ كەلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتكۈل نەشرىيات - ئاخبارات ساھەسىنى ماناپول قىلىۋېلىپ، بۇ ساھەگە، يەرلىك خەلققە قارىتا سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ماركسىزىملىق مىللەت نەزىرىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ، قانۇن، نەمىر - پەرمانلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋەزىپىسىنى مەجبۇرى تاڭدى ۋە بۇ ئارقىلىق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىنى زەئىپلەشتۈرۈپ، مىللىي ئېڭىنى ۋە تۇيغۇسىنى ئابۇت قىلىپ، ئاخىرقى ھېساپتا ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ يوقۇتۇش مەقسىدىگە يەتمەكچى بولدى. ئەمما ئۇيغۇر خەلقى تاشقى دۇنياغا ئېچىلغانسېرى، كوممۇنىستىك تۈزۈمنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ۋە ماھىيىتىنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ يېتىشكە باشلىدى ۋە ئىنسانىيەتنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرىدىغان بۇ مۇستەبىت تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەپ، ئىنسانچە ياشاش ھوقوقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان ئىنتىرازىنى ۋە قارشىلىقىنى بىلدۈرۈشكە باشلىدى.

خۇددى يۇقارقى « خوتەن گېزىتى » دە بايان قىلىنغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستاندا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ يەرلىك پۇخرالاردىن ھالقىپ دۆلەت كادىرلىرى ئىچىدە ئۇلغىيىشقا باشلىغانلىقى، شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر!

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، نۆۋەتتە ۋەتەن سىرتىدا خىتايغا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىنتايىن چەكلىك بولغان مىللىي تەشۋىقاتىمىزنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنى شۇنچىۋالا ئالاقزادە قىلغانلىقى، بىزگە، مىللىي تەشۋىقاتىمىزنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلىكىنى ۋە تەقەززاسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرماقتا!

( ئىزاھات: مەزكۇر ماقالە، گېزىتىمىزنىڭ باش تەھرىرى پەرھات مۇھەممەدى تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىندى )

## ئامېرىكىدا خىتايغا قارشى نامايىش

ئىختىيارى مۇخبىرىمىز م. مەخمۇتنىڭ ئامېرىكىدىن بەرگەن خەۋىرى: 99 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بىرقىسىم ئۇيغۇرلار ۋە بەزى ئامېرىكىلىق دوستلار ئامېرىكىنىڭ فلورىدا شەھرىدىكى « خىتاي باغچىسى » نىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ فلورىدادا قۇرۇلۇۋالغان ئاتالمىش « خىتاي باغچىسى » غا شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقلىرىگە ئائىت بەزى تارىخى قۇرۇلۇشلارنىڭ كىچىكلىتىلگەن مودېلىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىپ، يالغان - ياۋىداق تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى بۇ مىللەتلەرنىڭ ھەققىي تارىخىنى بۇرمىلاپ. ئامېرىكا جامائەتچىلىكىنى ئالداپ كەلگەنلىكىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى.

ئامېرىكىدىكى « تەكلىماكان ئىنسان ھەقلىرى جەمىيىتى » بىلەن « كوممۇنىست خىتاينىڭ تەشۋىقاتىغا قارشى ئامېرىكىلىقلار ئۇيۇشمىسى » تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇقېتىمقى نامايىش جەريانىدا ئۇيغۇر نامايىشچىلار، فلورىدادىكى « خىتاي باغچىسى » دا تارىخى ۋە مىللىي تەۋەلىكى بۇرمىلاپ تونۇشتۇرۇلغان ئىپارخاننىڭ ھەققىي مىللىي كىملىكى ۋە ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى ھەققىدە ئامېرىكا خەلقىگە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار يەنە بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

بۇقېتىمقى نامايىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلىنغان باياناتتا يەنە، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئامېرىكىنىڭ فلورىدا شەھرىدە تەسىس قىلىنغان « خىتاي باغچىسى » نىڭ كۈنىگە 25 مىڭ دوللار زىيان تارتىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ يەنە 6 يىلدىن بۇيان مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ تۇرىۋاتقانلىقى. بۇ باغچىنىڭ خىتاينىڭ بايان قىلغىنىدەك قانداقتۇر ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش مەقسىدىدە قۇرۇلغان باغچا بولماستىن. بەلكى تامامەن سىياسىي تەشۋىقات مەقسىدىدە قۇرۇلغانلىقى بايان قىلىندى.

باياناتتا يەنە مەشھۇر ئۇيغۇر تىجارەتچى رابىيە قادىرنىڭ قولغا ئېلىنىش ۋە سوراق قىلىنىش ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى ھەمدە. « بۇ. نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلار پاجىئەسىدىن بىر مىسال » دەپ كۆرسىتىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇقېتىمقى نامايىشتىن بىر كۈن بۇرۇن يۇقارقى ئىككى تەشكىلات. ئامېرىكىنىڭ فلورىدا ئۇنىۋېرسىتېتىدا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مەخسۇس كونفېرانس ئۇيۇشتۇردى.

# خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇقىملىقىغا خەۋپ يەتكۈزىۋاتقان خەلقئارالىق ئامىللارنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقى بايان قىلىندى

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن خىتايچە « خوتەن گېزىتى » نىڭ يېقىنقى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىدا، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇقىملىقىغا ئېغىر دەرىجىدە خەۋپ يەتكۈزىۋاتقان خەلقئارالىق ئامىللارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى، ئامېرىكا، غەرب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى ئاشكارە ھالدا قوللاپ كېلىۋاتقانلىقى بايان قىلىندى.

« خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى » نامىدا ئېلان قىلىنغان، « مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، قىلچە تەۋرەنمەي خوتەننىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايلى » دېگەن ماۋزۇدىكى بۇ سىياسىي مۇلاھىزىنىڭ 1 ـ پاراگرافىدا، گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى قاتتىق باستۇرۇش ۋە تازىلاش ھەرىكىتىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما خەلقئارالىق ئامىللار تۈپەيلىدىن شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەندى.

مەزكۇر ماقالىنىڭ بىر ئابزاسىدا، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان خەلقئارالىق ئامىللار ھەققىدە توختىلىپ ئەيىنەن: « ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب دۈشمەن كۈچلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇلار دۆلىتىمىزنى غەرىبلەشتۈرۈش، پارچىلاشتىن ئىبارەت سىياسىي غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى، شىنجاڭ ـ تەيۋەن ۋە تىبەتتىن قالسىلا غەرب دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى يەنە بىر بوچۇقىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا بۇ دۈشمەن كۈچلەر چەتئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى تەربىيىلەپ، بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنى قوللاپ ۋە ئۇلارنى كونترول قىلىۋېلىپ، ھەرخىل ۋاستىلار ئارقىلىق شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىن بۆلۈپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنماقتا » دېيىلگەن. يەنى خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ بايانلىرى ئارقىلىق، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادەك ئىنتايىن قۇدرەتلىك كۈچنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ئامېرىكا ۋە غەرب كۈچلىرىنىڭ، ئەمدى بولسا ئاساسىي نىشانىنى خىتاينى پارچىلاشقا قاراتقانلىقىدىن قاتتىق ئەندىشە ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن ھوشيار تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئىزاھلاشقا تىرىشقان. مەزكۇر ماقالىدا، بۇنىڭ كونكرېتنى ئالامەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئەيىنەن مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان: « ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئاستىدا، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا كۈچەيتمەكتە. بولۇپمۇ كوسوۋا مەسىلىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۇلار شىنجاڭ مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ، بەلكىم ئۇلار يېقىن مەزگىل ئىچىدە تېخىمۇ چوڭ بىر بۆزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ۋەتەن ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى تايانچ كۈچلەر نۆۋەتتە خەلقئارادىكى ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغان ئامىللاردىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ ئەسەبىلەشتى، نۆۋەتتە مەيلى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات جەھەتتە بولسۇن ياكى زوراۋان تېرورىستىك ھەرىكەتلەردە بولسۇن، بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئەڭ جانلانغان دەۋرگە قەدەم قويدى ».

مەزكۇر ماقالىدا يەنە، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى خىتايغا قارشى مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە توختىلىپ، « نۆۋەتتە دۈشمەن كۈچلەرنىڭ پائالىيىتىدە يېڭى ئالاھىدىلىكلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، دېموكراتىك ئۇنسۇرلار، مىللىي بۆلگۈنچىلەر، دالاي گۇرۇھى، تەيۋەنلىك مۇستەقىلچىلەر قاتارلىق بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆزئارا بىرلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ، قەلەم بىلەن ئەلەمنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتمەكتە، بىز بۇنىڭدىن يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، يېقىندىن كۆزىتىپ، مۇداپىئەلىنىشنى كۈچەيتىشىمىز لازىم » دېيىلگەن. دېمەك، بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ تىبەتلىكلەر، ئىچكى موڭغۇلىستانلىقلار، دېموكراتىك خىتايلار ۋە تەيۋەنلىك مۇستەقىلچىلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى، خىتاي ھاكىمىيىتىنى قاتتىق ۋەھىمىگە ۋە ئەندىشىگە سالغان.

« خوتەن گېزىتى » دىكى مەزكۇر ماقالىدا يەنە، يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان خوتەن رايونىدا خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇقىملىقىغا قاتتىق تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقى بايان قىلىنىپ: « خوتەندە بايقالغان مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار پۈتۈن شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېرورىستلىق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىشنى پىلانلىغان بولۇپ، خوتەندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر پۈتۈن شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلغۇچىلار ۋە پىلانلىغۇچىلاردىن ئىبارەت. شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان زوراۋانلىق، تېرورلۇق دېلولىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ خوتەن رايونىدىكى 3 خىل ئۇنسۇرلار بىلەن چېتىشلىقى بار » دېيىلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ بايانلىرىدىن، نۆۋەتتە خوتەندە يەرلىك خەلقنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ، مەلۇم●بىر دائىرە ئىچىدىلا چەكلەنگەن رايون خاراكتېرلىك يەككە ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەشكىللىك ۋە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى روشەن ھالدا كۆرۈۋالالايمىز.

« خوتەن گېزىتى » دىكى يۇقارقى ماقالىدا يەنە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، بۇ رايونلاردا « پان تۈركىزم » ئىدىيىسىنىڭ كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقى، تۈركىيە باشچىلىقىدىكى بارلىق تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ رايون ئاتالاپ، ياۋروپادىن تاكى ئاسىياغىچە تۈركىي دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇشقا ھازىرلىنىۋاتقانلىقى، 1992 ـ يىلى ۋە 1994 ـ يىلى تۈركىيەدە ئىككى قېتىم تۈركىي ئەللەر باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىلىپ، تۈركىي تىللىق سۆزلىشىدىغان دۆلەتلەرنى بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەندى.

مەزكۇر ماقالىدا يەنە، 1995 ـ يىلىدىن كېيىن، « دۇنيا ئىسلام جەمىيىتى »، « دۇنيا ئىسلام بىرلىكى »، « دۇنيا موسۇلمان ياشلىرى بىرلىكى » قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بەس ـ بەستە تۈرلۈك تەشۋىقات بويۇملىرىنى كىرگۈزۈپ، « پان ئىسلامىزم » نى تەشەببۇس قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارە ھالدا قوللاپ كەلگەنلىكى بايان قىلىندى، شۇنداقلا نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 60.5 پىرسەنتىنىڭ موسۇلمان ئىكەنلىكى، شۇڭا دۇنيادىكى « پان ئىسلامىزمچى » ۋە « پان تۈركىزم » چى كۈچلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشنى پىلانلاۋاتقانلىقى تەكىتلەندى.

ماقالىدا يەنە خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئومۇمىي يۈلۈنۈشىگە باھا بېرىلىپ، « يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىرلىشىش قەدىمىنى تېزلەتتى ھەمدە غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا ـ ئامېرىكىدىن ئىبارەت 3 چوڭ رايوننى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكىگە، ھەتتا پۈتكۈل غەربىي شىمال رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالماقتا » دېيىلگەن. بۇنىڭدىن شۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنىڭ پەيدىن ـ پەي خەلقئارالىششقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خۇددى يۇقارقى ماقالىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئامېرىكىدىن ياۋروپاغىچە، تۈركىي ئەللەردىن تارتىپ ئىسلام ئەللىرىگىچە تەدرىجىي ھالدا ھېسداشلىققا ۋە قوللاشقا ئېرىشىۋاتقانلىقى، خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىنى قاتتىق ئالاقزادە قىلغان. يەنە بىر جەھەتتىن، « خوتەن گېزىتى » دىكى يۇقارقى ماقالىدا، ئامېرىكا، ياۋروپا، تۈركىي ئەللەر ۋە پۈتكۈل ئىسلام ئالىمىنىڭ بىر ـ بىرلەپ ئەيىپلەنگەنلىكى، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىۋاتقانلىقىنى نامايەن قىلماقتا!

( ئىزاھات: مەزكۇر ماقالە گېزىتىمىزنىڭ مەسئۇلى ۋە باش تەھرىرى پەرھات مۇھەممەدى تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىندى )



« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# خىتايدا 50 يىلدىن بۇيان يۈز بەرگەن چوڭ ئىشلار

فىرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقى خەۋىرى: ( 1999 - يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى )

( 1 )

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ بېيجىڭنىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى.

( 2 )

1952 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش كېلىشىمى تۈزدى.

( 3 )

1950 — 1953 - يىللىرى كورىيەگە ( چاۋشيەن ) ياردەم بېرىپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى پارتىلىدى.

( 4 )

1956 — 1957 - يىللىرى ماۋزېدۇڭنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە قىلغان تۈنجى قېتىملىق چاقىرىقىغا ئاساسەن، تەخمىنەن 50 مىڭ زىيالىي قايتا تەربىيىلەش ئۈچۈن ئىزلارغا ئەۋەتىلدى.

( 5 )

1958 - يىلى خەلق گوڭشېسى ( كومما ) قۇرۇلدى. ماۋزېدۇڭ « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش » ( دايۇجىڭ ) ھەرىكىتىنى قوزغاپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى غايەت زور دەرىجىدە يۇكسەلدۈرۈشنى تەلەپ قىلدى، نەتىجىدە ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، تەخمىنەن 30 مىليون خەلق ئاچلىق تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتتى.

( 6 )

1959 - يىلى 3 - ئايدا خىتاي ئارمىيىسى تىبەتكە بېسىپ كىردى. تىبەتنىڭ دىنى داھىيسى دالاي لاما ھىندىستانغا قېچىپ چىقتى.

( 7 )

1960 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى خىتاي بىلەن تۈزگەن يادرو قوراللىرى كېلىشىمنى ئەمەلدىن قالدۇردى، بۇ، ئىككى كوممۇنىستىك دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

( 8 )

1964 - يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا تۈنجى قېتىملىق ئاتوم سىنىقىنى ئېلىپ باردى.

( 9 )

1966 - يىلى 5 - ئايدا ماۋزېدۇڭ بىلەن باشقا ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى بولغان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى » باشلاندى. « قىزىل قوغدىغۇچى » ( خوڭ ۋېيبىڭ ) دەپ ئاتالغان ماۋزېدۇڭغا سادىق ياشلار ، « بۇرژۇئازىيە ئامىللىرى » نى يوقىتىدىغان بىرمەيدان تېرورلۇق ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى.

( 10 )

1969 - يىلى 3 - ئايدا خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى چېگىرىسىدا قانلىق توقۇنۇش يۈز بەردى.

( 11 )

1969 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خىتاينىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لىۋ شاۋچى ماۋزېدۇڭنىڭ يېقىن ياردەمچىسى لىن بياۋ تەرىپىدىن كۆرەش قىلىندى.

( 12 )

1971 - يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى لىن بياۋ ، ماۋزېدۇڭغا قارشى سىياسىي ئۆزگىرىش ھەرىكىتىنى پىلانلىغان، دەپ قارالدى ۋە موڭغولىيىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئايروپىلان ۋەقەسى بىلەن ئۆلدى.

( 13 )

1971 - يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى قانۇنلۇق ھۆكۈمەت قاتارىدا ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن تەيۋەننىڭ يېرىنى ئالدى.

( 14 )

1972 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى رىچارد. نىكسون بېيجىڭنى زىيارەت قىلدى ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇشقا يول ئاچتى.

( 15 )

1976 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇئېنلەي ئۆلدى ۋە تيەنئەنمېن مەيدانىدا توقۇنۇش يۈز بەردى.

( 16 )

1976 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تاڭشەندە يەر تەۋرەپ، 240 مىڭ ئادەم ئۆلدى.

( 17 )

1976 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ماۋزېدۇڭ ئۆلدى، خۇاگوفېڭ ھوقۇق ئىگەللەپ، ماۋزېدۇڭنىڭ ئايالى جاڭ چىڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان « 4 كىشىلىك گۇرۇھ » نى قولغا ئالدى.

( 18 )

1978 - يىلى دېڭ شياۋپىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، يېزىلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى باشلىدى.

( 19 )

1979 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خىتاي ئامېرىكا بىلەن رەسمىي مۇناسىۋەت ئورناتتى.

( 20 )

1979 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خىتاي ۋيېتنامغا تاجاۋۇز قىلىشنى توختىتىپ، ئېغىر مەغلۇبىيەت بىلەن چېكىنىپ چىقىشقا باشلىدى.

( 21 )

1979 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خىتايدا دېموكراتىك ھەرىكەت، « دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى - دېموكراتىك ئىسلاھات » دەپ قارىغان ۋېي جىڭشېڭنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەن مەغلۇپ بولدى.

( 22 )

1982 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىسلاھاتچى خۇياۋباڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى بولدى.

( 23 )

1984 - يىلى 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيە شاڭگاڭنى بىر دۆلەت، ئىككىخىل تۈزۈم ئاساسىدا خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشكە شەرت ھازىرلاش كېلىشىمى تۈزدى.

( 24 )

1987 - يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خۇياۋباڭ، 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نامايىشچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىق قىلغان، دەپ قارىلىپ ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاندى. جاۋزىياڭ ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى.

( 25 )

1989 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خۇياۋباڭ ئۆلدى ۋە تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ تېخىمۇ ئۇلغىيىشىغا سەۋەبچى بولدى.

( 26 )

1989 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پرېزىدېنتى مىخائىل گورباچوپ بېيجىڭنى زىيارەت قىلدى.

( 27 )

1989 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خىتاي ئارمىيىسى تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇپ، نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدى. جاۋزىياڭ ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، جاڭ زېمىن كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ رەئىسى بولدى.

( 28 )

1990 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى دېڭ شياۋپىڭ ھوقۇقىدىن ئىستىپا بەردى، بىراق، يەنىلا پەردە ئارقىسىدىكى ئەڭ چوڭ ھوقۇقدارلىقىنى ساقلاپ قالدى.

( 29 )

1992 - يىلى 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دېڭ شياۋپىڭ خىتاينىڭ جەنۇبىتىكى رايونلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئىقتىسادى ئىسلاھەتنىڭ قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىشكە چاقىرىق قىلدى.

( داۋامى 5 - بەتتە )

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# گوللاندىيەدە خىتايغا قارشى نامايىش

گوللاندىيەدە تۇرۇشلۇق ئىختىيارى مۇخبىرىمىز ئىنئامەت ئە دۆۋلى خەۋەر قىلىدۇ: 99 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى گوللاندىيەدە مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان بىر گۇرۇپ شەرقىي تۈركىستانلىق خىتاينىڭ گوللاندىيەدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانى ھەق - ھوقوقلىرىغا قىلىۋاتقان تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. نامايىشقا قاتناشقان ئۇيغۇر ياشلىرى خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى تۈرلۈك مەزمۇنلاردىكى شۇئارلارنى جاراڭلىق ھالدا توۋلاپ، خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىنى زىل - زىلىگە سالدى ۋە نامايىش جەريانىدا خىتاينىڭ دۆلەت بايرىقى بىلەن جاڭ زېمىننىڭ رەسىمىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى.





( 99 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى » مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانىيەنىڭ پايتەختى بېرلىن شەھرىدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن نارازىلىق نامايىشىدىن بىر كۆرۈنۈش )

# لوندوندا خىتايغا قارشى بىرلەشمە نامايىش

ئۆز خەۋىرىمىز: يېقىندا ئەنگلىيەنىڭ پايتەختى لوندوندىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. بۇقېتىمقى نامايىشقا، ئەنگلىيەدىكى بىرقىسىم تىبەتلىكلەر ۋە تىبەتنى ھىمايە قىلغۇچى ئەنگلىزلەر، ئەنگلىيەدە سىياسى پاناھلىق تىلەپ تۇرىۋاتقان ئۇيغۇر ياش ئەنۋەر توختى بۇغرا ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى قوللاپ كېلىۋاتقان بىرقىسىم تۈرك قېرىنداشلار قاتناشتى. نامايىشچىلار نۇتۇق سۆزلەپ ۋە خىتايغا قارشى تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى تارقىتىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر، تىبەت قاتارلىق مۇستەملىكە ئاستىدىكى مىللەتلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرىنى پاش قىلدى.




# « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ ئەرەپچە ۋە خىتايچە نۇسخىلىرى نەشردىن چىقتى

ئۆز خەۋىرىمىز: ئابدۇجېلىل قاراقاش رىياسەتچىلىكىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن 99 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىنىشقا باشلىغان « ئۇچقۇن » ھەپتىلىك گېزىتىنىڭ ئەرەپچە ۋە خىتايچە نۇسخىلىرى 99 - يىلى 12 - ئايدىن ئېتىبارەن خەۋەرنامە شەكلىدە نەشر قىلىنىڭ، تارقىتىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي زۇلمىنى ئەرەپ دۇنياسىغا ۋە چەتئەللەردە ياشاۋاتقان خىتاي دېموكراتلىرىغا ئاڭلىتىشتا يېڭى بىر ئىجابى قەدەم تاشلاندى. ھازىرغا قەدەر « ئۇچقۇن » ھەپتىلىك گېزىتى ئۇيغۇرچە، كىرىلچە، لاتىنچە ( ئىنتەرنەت تورى ئارقىلىق )، تۈركچە ( ئىنتەرنەت تورى ئارقىلىق ) 4 خىل يېزىقتا ۋە 3 خىل تىلدا تارقىتىلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇۋەتتە « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ ئەرەپچە نۇسخىسىنىڭ مەسئۇل تەھرىرلىكىنى مىسىر ئەلئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ياش دىنى زات تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن، خىتايچە نۇسخىسىنىڭ مەسئۇل تەھرىرلىكىنى رەنا خانىم ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەلمەكتە.

E.T.I.C.
Lindwurmstr 99
80337 München
Germany

Internet:www.uygur.net
E-mail: etic@uygur.com
Tel: 0049-89-54 40 47 72
Fax: 0049-89-54 45 63 30

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
Uygurischer Verein.e.V
Konto: 907227110
BLZ: 70150000
Bank:
Stad sparkasse
Muenchen - Germany

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
ھاجى ياقۇپ ( تۈركىيە )
ئابلىكىم باقى ( تۈركىيە )
سىدىقھاجى روزى (ئامېرىكا )
ئەخمەت لىگەمبەردى ( ئاۋۇستىرالىيە )
سىيتجان قەيسەر ( ئۆزبېكىستان )
توختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبستان )
ئەنۋەرجان ( گېرمانىيە )
قەھرىمان غوجامبەردى ( قازاقىستان )

تۈركچە نۇسخىسىنىڭ تەھرىرى:
دوكتۇر ئەركىن ئەمەت
ئەرەپچە نۇسخىسىنىڭ تەھرىرى: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
خىتايچە نۇسخىسىنىڭ تەھرىرى: ئۇيغۇر قىزى
لاتىنچە نۇسخىسىنىڭ تەھرىرى:
مۇنىرە يۇنۇس
كىرىلچە نۇسخىسىنىڭ تەھرىرى:
نادىرە ئىلھام

گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى:
ئابدۇجېلىل قاراقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر:
پەرھات مۇھەممىدى
كومپيۇتېرغا ئالغۇچى:
ئارزىگۈل ھامۇت
مونتاژ: ئەسقەر تۇرسۇن